شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

# ئالدىنقى ئون ئايدا شىنجاڭ كۈتىۋالغان ساياھەتچى 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى

مۇخبىرىمىز ياۋ گاڭنىڭ 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئۈچىنچى تەرەپ شىركەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، 2019 - يىلى 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە شىنجاڭ كۈتىۋالغان دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچى 201 مىليون 928 مىڭ 700 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 42.62% ئاشقان؛ ئىشقا ئاشۇرۇلغان ساياھەتچىلىك كىرىمى 341 مىليارد 727 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 43.39% ئېشىپ، يەنە قوش يېڭى يۇقىرى رېكورت يارىتىلغان.

ئالتۇن كۈزدىكى 10 - ئايدا، جەنۇبىي شىنجاڭ «توغراقنى تاماشا قىلىش» باش تېمىسىدىكى كۈز پەسىللىك ساياھەت دولقۇنىنى كۈتىۋالدى، ئالتۇن رەڭلىك توغراقلار، سۈزۈك دەريا سۇلىرى بىلەن زۇمرەتتەك كۆك ئاسماننىڭ گىرەلىشىپ جۇلالىنىشىدىن ئەكس ئەتكەن گۈزەل، كۆركەم يۆگىمە رەسىم زور مىقداردىكى ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 10 - ئايدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون كۈتىۋالغان ساياھەتچى 19 مىليون 464 مىڭ 400 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 47.72% ئاشقان؛ ئىشقا ئاشۇرۇلغان ساياھەتچىلىك كىرىمى 40 مىليارد 279 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 41.39% ئاشقان.

ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت، تەرەققىيات يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە زور كۈچ سەرپ قىلىپ ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئالغا سىلجىتتى، مۇقىملىق پايدىسىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلىشىگە ئەگىشىپ، ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تۈرلۈك سانلىق مەلۇماتىدا كەينى - كەينىدىن يېڭى يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى، «شىنجاڭ ياخشى جاي» ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسى بارغانسېرى جۇلالاندى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار ساياھەت ئۆل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەنزىرە نۇقتىسى، مەنزىرە رايونلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈردى، شىنجاڭغا كىرىپ چىقىش بارغانسېرى تېزلەشتى، ساياھەت سەپەر ۋاقتى بارغانسېرى قىسقاردى، ھەرقايسى ئۆزگىچىلىككە ئىگە مەنزىرە رايونلىرىنىڭ مەنزىرىسى بارغانسېرى گۈزەللەشتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» (ئاپتوموبىل توختىتىش قىيىن بولۇش، ماي قاچىلاش قىيىن بولۇش، ھاجەتخانىغا كىرىش قىيىن بولۇش، يانتېلېفون سىگنالى راۋان بولماسلىق) مەسىلىسىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ھەل قىلىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ھېس قىلىش تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قار - مۇزلۇقمۇ بىر بايلىق» دېگەن مۇھىم ئىدىيەنى زور كۈچ بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزدى، ھەرقايسى جايلار بەس - بەستە ساياھەت تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر قېزىپ، خاس جەلپكارلىقىنى كۈچەپ يارىتىپ، ساياھەت مەنزىلگاھى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۈتۈن رايون ساياھىتى، پۈتۈن ۋاقىت ساياھىتىنى كۈچەپ بەرپا قىلدى، خاس ساياھەت مەھسۇلاتلىرى، لىنىيەلىرى ئۈزۈلمەي بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ساياھەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ساياھەت يىرىك پىلان سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساياھەت مۇلازىمەت خاسلىقىدا جاسارەت بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، كۈچىنى توپلاپ شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ «تۆت پەسىل ناخشىسى»نى ياڭرىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئاقىل ساياھەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، باشقۇرۇشنى ئەلالاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، تۈزۈم سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى.

ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تۈرتكىلىك ئۈنۈم ئېففېكتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ساياھەتچىلىكنى نامراتلارنى يۆلەشنىڭ پايدا - مەنپەئەتى بىلەن تۇتاشتۇرۇش مېخانىزمى بەرپا قىلىش ئارقىلىق نامرات ئاممىنى ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىلەندۈردى.

ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپى سۈرئىتى تېزلىتىلىپ، شىنجاڭنىڭ سۈرئىتى ئاشۇرۇپ ساياھەت بايلىقى چوڭ رايوندىن ساياھەت ئىقتىسادى كۈچلۈك رايونغا ئۆزگىرىپ، دۇنيادىكى مۇھىم ساياھەت مەنزىلگاھى بولۇشقا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولماقتا.

# «ئۈزۈك يول» تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئاممىنىڭ كۆڭلى ئازادىلەشتى

—— دىققەتنى باش تېما، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك خەۋەر

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش
دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش

□ مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنپېي، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ساۋ يىگۋاڭ

«ئىلگىرى، تەيشەن كوچىسى خالتا كوچا ئىدى، قار - يامغۇرلۇق كۈنلەردە ھەممە يەر پاتقاق بولۇپ كېتەتتى، كۆپچىلىك بۇ ‹ئۈزۈك يول›نىڭ بالدۇرراق تۇتاشتۇرۇلۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى.» 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، بورتالا شەھىرى تەيشەن كوچىسى خۇڭلىيۈەن ئولتۇراق رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق ئارىشىن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ھازىر بۇ يول تۇتاشتۇرۇلدى، يول بويىدا يەنە ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى ياسالدى، كۆكەرتىلدى، ھەم يول يۈرۈش قولايلاشتى، ھەم كۆڭلىمىز ئازادە بولدى».

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بورتالا شەھىرىنىڭ مەركىزىي شەھەر رايونىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، يوللار ئۈزلۈكسىز ئۈزۈلۈپ، «جەنۇبتىن شىمالغا راۋان بولماسلىق، شەرقتىن غەربكە تۇتاشماسلىق» مەسىلىسى تەدرىجىي گەۋدىلەندى. «ئۈزۈك يول» شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا قولايسىزلىق ئېلىپ كەلدى، «ئۈزۈك يول»نى تۇتاشتۇرۇش زۆرۈر بولۇپ قالدى.

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، بورتالا شەھىرى «2+8» مەخسۇس تۈزەش ۋە «3+3+1» خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىشنى چىڭ كۆزلەپ، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە سەل قاراش مەسىلىلىرىنى سىجىل تۈزەپ، ئاممىنىڭ يول يۈرۈشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى مەخسۇس تۈزەشتىكى مۇھىم مەزمۇن قىلدى. «ئۈزۈك يول» مەسىلىسىگە قارىتا، بورتالا شەھىرىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار قۇرۇلۇش مۇددىتىنى تەتۈر تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ، قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇپ، دۆلەت بايرىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا 13 «ئۈزۈك يول»نى تۇتاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە زور كۈچ سەرپ قىلىپ، كونا شەھەر رايونىنىڭ مۇھىتىنى تۈزەپ، بورتالا شەھىرىنىڭ كونا شەھەر رايونىدا يوللار قىستاڭ بولۇش، قاتناش راۋان بولماسلىق تارىخىغا ئۈزۈل - كېسىل خاتىمە بېرىپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان شەھەر - يېزا تۇتاشقان جايلار مەينەت، قالايمىقان، ناچار بولۇش، يوللار پاتقاق، يول يۈرۈش قىيىن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

«بىز ئاما ئىنكاس قىلغان يول يۈرۈش قىيىن بولۇش، ئاپتوموبىل توختىتىش قىيىن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى زور كۈچ بىلەن ھەل قىلىپ، بىر تۈركۈم ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يېڭىدىن ياساپ، مىڭغا يېقىن ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنىنى كۆپەيتتۇق؛ بىر تۈركۈم يېشىل كىچىك باغچىلارنى بەرپا قىلىپ، ئاممىنىڭ دەم ئېلىشى، كۆڭۈل ئېچىشىغا قولايلىق ياراتتۇق.» بورتالا شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى لىيۇ چياڭ مۇنداق دېدى: «بۇنىڭدىن كېيىن، بىز ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا داۋاملىق ئىنكاس قايتۇرۇپ، كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش سالمىقىنى زورايتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىنى ھەقىقىي ئاشۇرىمىز».

ئىشىك ئالدىدا يول يۈرۈش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بىلەن بىللە، بورتالا شەھىرى ئاھالىلىرىنىڭ سەپەرگە چىقىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسمۇ ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى.

ئىگىلىنىشىچە، بورتالا كونا ۋوگزالى بورتالا شەھەر رايونىدىن 50 كىلومېتىر يىراق بولۇپ، ئاممىنىڭ سەپەرگە چىقىشى قىيىن بولۇش، ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇشى قولايسىز بولۇش، بىخەتەر بولماسلىق مەسىلىسى ئىنتايىن گەۋدىلىك ئىدى. باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە بورتالا شەھىرى ئاما ئەڭ ئالدىرىغان، ئەڭ غەم قىلغان، ئەڭ تەقەززا بولغان مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ۋوگزالنى شەھەر رايونىدا ياساشقا بولغان كۈچلۈك ساداسىغا قارىتا، شىنجاڭ تۆمۈريولى بورتالا ئوبلاستى لىنىيەسى قۇرۇلۇشىنى ئوبلاست، شەھەر ئىككى دەرىجىلىك ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە تېز ئالغا سىلجىتقان. 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، شىنجاڭ تۆمۈريولى بورتالا ئوبلاستى لىنىيەسىدە رەسمىي قاتناش باشلىنىپ، ئەسلىدىكى پىلاندىن سەككىز ئاي بۇرۇن تاماملىنىپ، بورتالا شەھىرى ئاھالىلىرىنىڭ 30 يىلدىن بۇيان 50 كىلومېتىر يول يۈرۈپ پويىزغا ئولتۇرۇش تارىخى ئۈزۈل - كېسىل ئاياغلىشىپ، «ئىشىك ئالدىدا» پويىزغا ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىقىش ئارزۇسى ئىشقا ئاشقان.

«ئىلگىرى پويىزغا ئولتۇرۇش ئۈچۈن، ئىككى سائەت بۇرۇن ۋوگزالغا مېڭىشقا توغرا كېلەتتى، ھازىرقى يېڭى ۋوگزال ئۆيگە يېقىن، يەنە كۆپلىگەن لىنىيەدىكى ئاپتوبۇسلار ئۇدۇل بارىدۇ، 20 مىنۇتتىلا بارغىلى بولىدۇ، بەك قولايلىق!» دېدى دائىم پويىزغا ئولتۇرۇپ بورتالا بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا قاتنايدىغان بورتالا شەھىرى ئاھالىسى خۇاڭ شۈيىڭ خۇشال ھالدا.

(بېشى 3 - بەتتە)

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ھۆججەت تەييارلاش گۇرۇپپىسىنى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ۋە قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇدى. ھۆججەت تەييارلاش گۇرۇپپىسى ھەرقايسى تەرەپلەر ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بىرمۇبىر تەھلىل قىلىپ، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىشىپ قوبۇل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. قايتا - قايتا تەتقىق قىلىش، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، قارار تېزىسىدىكى 283 ئورۇنغا قارىتا كۆپەيتىپ يېزىش، ئۆزگەرتىپ يېزىش، يېزىقلارنى پىششىقلاش - ئىخچاملاش ئېلىپ باردى، بۇ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىدىن 436 پارچىنى قاپلىدى.

قارار تېزىسىنى تەييارلاش مەزگىلىدە، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى ئۈچ قېتىم يىغىن ئاچتى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ئىككى قېتىم يىغىن ئېچىپ قاراپ چىقىپ، بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىننىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان قارار تېزىسىنى شەكىللەندۈردى.

## ئۈچىنچى، قارار تېزىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسى

قارار تېزىسىدا ئومۇمىي جەھەتتىن ئويلاشقىنىمىز —— «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش»تىن ئىبارەت بۇ باش تېمىنى چىڭ كۆزلەپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا بېكىتىلگەن ئىستراتېگىيەلىك نىشان ۋە مۇھىم زور ۋەزىپىلەرنى چىقىش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش، پارتىيەنىڭ ئۇزاققىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى كۆزلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى كۆزلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كۆزلەپ، پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى، توپلىغان تەجرىبىلىرى، شەكىللەندۈرگەن پرىنسىپلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسىلەپ، نۇقتىلىق ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە تىرەك بولۇۋاتقان تۈپ تۈزۈم، ئاساسىي تۈزۈم، مۇھىم تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى شەرھلەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇش زۆرۈر بولغان مۇھىم، زور تۈزۈلمە مېخانىزم ئىسلاھاتى، ئالغا سىلجىتىش زۆرۈر بولغان نۇقتىلىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىشتىن ئىبارەت.

قارار تېزىسى 15 قىسىمدىن تەركىب تاپقان، ئۈچ چوڭ بۆلەككە بۆلۈنگەن. بىرىنچى بۆلەك 1 - قىسىم، ئومۇمىي بايان بولۇپ، ئاساسلىقى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى، كۆرۈنەرلىك ئەۋزەللىكلىرى شەرھلەنگەن، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم زور ئەھمىيىتى ۋە ئومۇمىي تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئىككىنچى بۆلەك تارماق بايان بولۇپ، دىققەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە تىرەك بولۇۋاتقان تۈپ تۈزۈم، ئاساسىي تۈزۈم، مۇھىم تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، 13 قىسىم ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تۈرلۈك تۈزۈم جەزمەن چىڭ تۇرىدىغان ۋە مۇستەھكەملەيدىغان ئاساسىي نۇقتا، مۇكەممەللەشتۈرىدىغان ۋە راۋاجلاندۇرىدىغان يۆنىلىش ئايدىڭلاشتۇرۇلغان ھەم خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى قىلىنغان. ئۈچىنچى بۆلەك 15 قىسىم ۋە ئاخىرقى سۆز بولۇپ، ئاساسلىقى پارتىيەنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

يولداشلارنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، «نېمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە نېمىنى مۇستەھكەملەش، نېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە نېمىنى راۋاجلاندۇرۇش»نى زىچ چۆرىدەپ مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، ئىجابىي تۈزىتىش پىكرى ۋە تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىننى ئورتاق ياخشى ئېچىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى)

ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش قايتما ئىنكاس يىغىنى ئېچىلدى

# دىققەتنى مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئۈنۈمى ۋە سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز يۈەن لېي خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش قايتما ئىنكاس يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئىشخانىسى باش بولۇپ، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى ھەم ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە مەخسۇس نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 13 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، 35 نامرات ناھىيە، نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسى بار 43 نامرات ئەمەس ناھىيە ۋە ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكى 65 ئەزا ئورۇنغا قارىتا مەخسۇس نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. يىغىندا مەخسۇس نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئەھۋالى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مەخسۇس تۈر گۇرۇپپىلىرى مەركەزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەخسۇس كۆزىتىشى ۋە دۆلەتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى باھالاش بويىچە قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى پۇرسەت بىلىپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش، ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كۈچەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشتى، بىراق شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە بەزى كەمتۈكلۈكلەر، يېتەرسىزلىكلەرمۇ مەۋجۇت. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا كەلگەندىسېرى، مەسئۇلىيەت بېسىمى بارغانسېرى ئاشىدۇ، خىزمەتتە قىلچە بوشاشماي، جەزمەن يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كەشتە تىكىش ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئۈنۈمى ۋە سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مەخسۇس تۈر گۇرۇپپىلىرى سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى چىڭ تۇتۇشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىسىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش، تۈزىتىش خىزمىتىنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى كونكرېت ھەرىكەت قىلىپ، «تۈزىتىشكە كۆچىمەسلىك ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغانلىق، تۈزىتىشنى تۇتماسلىق مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىق» دېگەن قاراشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئەمەلىي تۈزىتىش نەتىجىلىرى ئارقىلىق سىياسىي يۈكسەكلىكنى نامايان قىلىشى، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى نامايان قىلىشى، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى نامايان قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەسىلە يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرگە قارىتا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تونۇپ، چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك كۆزىتىپ، مەسىلە يىلتىزىنىڭ تۈگۈنىنى ھەقىقىي توغرا تېپىپ، دەل جايىدا تۈزىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. تۈزىتىش ۋەزىپىسىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، مەسىلە ھېسابات تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ، مەسىلىنى تۈزىتىشتە بىر - بىرلەپ تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈشنى يولغا قويۇپ، يۇقىرى - تۆۋەننى، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ياخشى جىپسىلاشتۇرۇپ، كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەسىلىلەرنى ئەلتۆكۈس تۈزىتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى، كونا مەسىلىلەرنى تەڭ ئۆزگەرتىش، نۇقتىلىق مەسىلىلەر ۋە يۈزەكى مەسىلىلەرنى بىرلىكتە ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «كېسەل ئۇچۇقى»نى يىلتىزىدىن تۈگىتىش كېرەك. مەسىلىنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بۇ يىل ۋە كېلەر يىل ئىككى يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، نەتىجىلەردىن پايدىلىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىرى باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇپ، ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يېتەكچىلىك قىلىپ، ھەرقايسى مەخسۇس تۈر گۇرۇپپىلىرى پائال ماسلىشىپ، يۇقىرى تۆۋەن بىر نىيەتتە بولۇش، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتلىرى ۋە تەشكىلات تارماقلىرى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش، تۈزىتىشنى كۈندىلىك نازارەتچىلىكنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىپ، ئىز قوغلاپ بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، نازارەت قىلىش، ئىنتىزام ئىجراسىنى چىڭىتىپ، جاۋابكارلىققا تارتىش قورالىنى ياخشى ئىشلىتىپ، ئىنتىزام، قائىدىنى چىڭىتىشنى تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جاڭ چۈنلىن، ۋەن خېيچۈەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياغزىجىياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)